شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

2021 - يىل 1 - ئاي 19
سەيشەنبە
维吾尔文 1月19日
25311 - سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 57-1 تىيانشان تورى: www.ts.cn

# ئابدە! جۇڭگونىڭ ئىقتىساد ئومۇمىي مىقدارى 100 تىرىليون يۈەندىن ئاشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىرلار چېن ۋېيۋېي، ۋاڭ يۈشياۋ) جۇڭگو ئىقتىسادى مۇھىم ئابىدىنى كۆتۈۋالدى. دۆلەت ئىستاتىستىكا ئىدارىسى 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، 2020 - يىلى، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى(GDP) 101 تىرىليون 598 مىليارد 600 مىليون يۈەن بولۇپ، تۇنجى قېتىم 100 تىرىليون يۈەنلىك چوڭ ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتكەن.

«بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى، پەن - تېخنىكا ئەمەلىي كۈچى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ يەنە يېڭى چوڭ پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ» دېدى دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، قوشۇمچە دۆلەت ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى نىڭ جىجې باھا بېرىپ. GDP بىر دۆلەت ياكى رايوننىڭ ئىقتىسادىي كۆلىمى ۋە تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم كۆرسەتكۈچ. 1952 - يىلىدىكى 67 مىليارد 900 مىليون يۈەندىن بۈگۈنكى كۈندە 100 تىرىليون يۈەنلىك كۆلەمدىن ئېشىپ، دۇنيا بويىچە

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

### چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

# شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك

### شۆھرەت زاكىر رىياسەتچىلىك قىلدى نۇرلان ئەبىلمەجىن، لى پېڭشىن قاتناشتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۈك، ۋاڭ شىگرۈي** خەۋەر قىلىدۇ: 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا مەركەزنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ شىنجاڭنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن نۇرلان ئەبىلمەجىن، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسى تارىخ بىلەن رېئاللىقنى تۇتاشتۇرۇش، خەلقئارا بىلەن دۆلەت ئىچىنى باغلاش، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش جەھەتتىن يېڭى دەۋردە نېمە ئۈچۈن دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يولىغا قويۇلىدۇ، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى قانداق يولغا قويۇش كېرەك قاتارلىق بىر قاتار مۇھىم، زور مەسىلىلەرگە چوڭقۇر جاۋاب بەردى، بۇ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت دەۋر تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپ، ۋەزىيەت ئېھتىياجى بىلەن بارلىققا كەلگەن مۇھىم، زور نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىسى، ماركسىزملىق قانۇنچىللىق نەزەرىيەسىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىسى، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ مىزانى ۋە ھەرىكەت كۆرسەتمىسى. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىكى يېتەكچى ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى شىنجاڭنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى ۋە پۈتكۈل جەريانىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇشنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، شىنجاڭنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشتا، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 -، 3 -، 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسى ۋە مەركەزنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئىگىلەش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش ئەمەلىيىتىدىن چىقىش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى چۆرىدەپ، پارتىيە رەھبەرلىك قىلىش، خەلق ئۆز ئىگە بولۇش، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، قانۇنچىللىق ساھەسىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى كۈچەش نۇقتىسى قىلىپ، شىنجاڭنىڭ قانۇنچىللىق سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ تەلىپىنى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)



**جەددىي ئىشلەپچىقىرىپ ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىش**

1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، كورلا بەيرۇنشياڭ يېزا ئىگىلىك سولياۋ بۇيۇملىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئىشچىلىرى ئەمدىلا ئىشلەپچىقىرىلغان سولياۋ يوپۇقلارنى ئامبارغا توشۇماقتا. نۆۋەتتە، كورلا شەھىرىدىكى ھەرقايسى يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيا كارخانىلىرى بار كۈچىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ سولياۋ يوپۇق قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئۈچۈن تەييارلىق قىلماقتا. □ جۇ. خۇرە فوتوسى

ئىشنى ياخشى باشلايلى قەدەمنى ياخشى ئالايلى

## بولتۇر ئالاتاۋ پورتىدا چېگرادىن كىرىپ چىققان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ سانى مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **چېن چياڭۋېينىڭ** ئۈرۈمچى تاموژنىسىدىن ئىگىلىشىچە، بولتۇر، ئالاتاۋ پورتى ئارقىلىق چېگرادىن كىرىپ چىققان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى جەمئىي 5027 قېتىم، توشۇلغان ئۆلچەملىك كونتېينېر جەمئىي 456 مىڭ بولۇپ، بولتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 41.8%، 47.1% ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ قاتنىغان ئومۇمىي سانى ۋە ئومۇمىي ئۆلچەملىك كونتېينېر سانىنىڭ 40%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەپ، ئىككىلىسىدە پۈتۈن مەملىكەتتىكى تۆمۈريول پورتلىرى ئىچىدە 1 - ئورۇندا مۇقىم تۇرغان.

بولتۇر پۈتۈن بىر يىلدا ئالاتاۋ پورتى ئارقىلىق چېگرادىن كىرىپ چىققان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزلىرى تاماملىغان يۈك توشۇش مىقدارى 3 مىليون 580 مىڭ 600 توننا بولۇپ، ئالدىنقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 64.94% ئاشقان؛ يۈك قىممىتى تەخمىنەن 165 مىليارد 396 مىليون يۈەن خەلق پۇلى بولۇپ، ئالدىنقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 39.88% ئاشقان.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئۈرۈمچى تاموژنىسى

## سۇنئىي ئەقلىي ئىقتىدار ئارقىلىق ئەسلىي ئىشلەپچىقىرىلغان جاي گۇۋاھنامىسىنى «سېكۇنتتا تەستىقلاش»نى ئىشقا ئاشۇردى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **چېن چياڭۋېينىڭ** ئۈرۈمچى تاموژنىسىدىن ئىگىلىشىچە، 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەلۇم تاشقى سودا كارخانىسىنىڭ خىزمەتچى خادىمى كومپيۇتېردا خەلقئارا سودا يەككە كۆزنىكى ئارقىلىق ئۈرۈمچى تاموژنىسىغا ئەسلىي ئىشلەپچىقىرىلغان جاي گۇۋاھنامىسى ئىلتىماسى يوللاپ، ناھايىتى تېزلا «تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى، گۇۋاھنامە ئېلىشقا بولىدۇ» دېگەن ئۇچۇر تالونىنى تاپشۇرۇۋالغان ھەم ئۆزى بېسىپ چىقىرىپ، بىر مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىتتا ئەسلىي ئىشلەپچىقىرىلغان جاي گۇۋاھنامىسىنى ئالغان.

2020 - يىلى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن باشلاپ، تاموژنا باش مەھكىمىسى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئەسلىي ئىشلەپچىقىرىلغان جاي گۇۋاھنامىسى ئەقلىي ئىقتىدارلىق تەكشۈرۈپ بېكىتىشنى ئومۇميۈزلۈك ئومۇملاشتۇردى. كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان بۇ سىياسەت يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئىلگىرىكى ئەسلىي ئىشلەپچىقىرىلغان جاي گۇۋاھنامىسىنى تاموژنا خادىملىرى ئادەم كۈچى ئارقىلىق تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئەھۋالى ئۆزگەرتىلدى. ئەسلىي ئىشلەپچىقىرىلغان جاي گۇۋاھنامىسىنى «ئەقلىي ئىقتىدارلىق تەكشۈرۈپ بېكىتىش» — تەستىق خەۋپ - خەتىرىنى تەھلىل قىلىش ۋە چوڭ سانلىق مەلۇماتلارنى تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم قىلىش ئاساسىدا،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 21 - قېتىملىق يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 21 - قېتىملىق يىغىنى شىنجاڭ خەلق سارىيىدا 1 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەردىن 54 كىشى يىغىنغا قاتناشتى، بۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 21 - قېتىملىق يىغىنىنىڭ كۈنتەرتىپى ماقۇللاندى، «ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىلىك رايون بەرپا قىلىش نىزامى (لايىھە)» توغرىسىدىكى ئىزاھات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىنىڭ ھەيئەت رىياسىتى ۋە باش كاتىپ ئىسىملىكى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنىڭ بىرىكمە كۈچى ئارقىلىق ئۆپكە راكىغا بالدۇر دىياگنوز قويۇش نىسبىتىنى ئۆستۈرىمىز

مېنىڭ بەش يىللىق يىرىك پىلانىم

□ **بايان قىلغۇچى: ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭيى دوختۇرخانىسى نەپەس يولى 1 - بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، مۇدىر ۋىراچ جۇ يۈلۈك**

ئۆتكەن بىر يىلدا بۆلۈمىمىز يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش چوڭ سىنىقىدا يەنىمۇ چېنىقتى، تېخنىكىمىزمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆستى. «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان «تەكلىپ»تە جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇش،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

سكانېرلاپ سىنتى كۆرۈڭ

# يېشىل يېزا ئىگىلىكى يېزا - كەنتلەرنى گۈزەللەشتۈردى

### —— ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدىكى يارقىن نۇقتىلار توغرىسىدا ئۇنىۋېرسال بايان⑤

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۆرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

□ **ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى لىيۇ يى**

ياز پەسلىدىكى پايانسىز ئالتۇن رەڭ بۇغدايلىقلاردىن كۈز پەسلىدىكى كۆز يەتكۈسىز ئاپئاق كېۋەزلىكلەرگىچە، تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىكى بېپايان ئېتىزلار مول ھوسۇل ئۈمىدىگە تولۇپ، بىر مەيدان يېشىل ئۆزگىرىشنى نامايان قىلماقتا.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئىگىلىكى، يېزا تارماقلىرى يېشىل تەرەققىياتنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات شەكلىنى تېز ئۆزگەرتىپ، ئىلگىرىكى ئاساسلىقى بايلىققا چېتىپ قويۇش، خورىتىشقا چېتىپ قويۇشقا تايىنىشنى تەدرىجىي ھالدا ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتقا ئۆزگەرتىپ، يېزا ئىگىلىك ھوسۇلىنى مۇقىم ئاشۇرۇش بىلەن بىللە، بۇلغىما قويۇپ بېرىشنى بارغانسېرى ئازايتىپ، يېشىل تەرەققىياتنىڭ ئاساسى بارغانسېرى روشەنلەشتى، يېزا ئىگىلىكنى سۈپەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش، يېزا ئىگىلىكىنى ئۈنۈم ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش، يېزا ئىگىلىكىنى يېشىل گۈللەندۈرۈش يېڭى ئەندىزىسى شەكىللەنمەكتە.

**يېشىل ئىشلەپچىقىرىش ئومۇملاشتى**

يېشىل يېزا ئىگىلىكى، ساغلام يېمەكلىكلەر ئىستېمالچىلارنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا بولغان تېخىمۇ يۇقىرى ئېھتىياجى بولۇپلا قالماي، يەنە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شەكلىگە قويۇلغان تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ. بۈگۈنكى كۈندە، يېشىل بولۇش پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئاساسلىق ئېقىمغا ئايلاندى، بارغانسېرى كۆپ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقارغۇچىسى يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، يېشىل يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە مۇھىت قوغداشتىن ئىبارەت قوش پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)